ئىپادىلەيدىغان –م،-ام،-ەم قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن:

كېلەمدىمەن
بارامسەن
ئاڭلامسىز

| سان / شەخس | | بىرلىك | كۆپلۈك |
|---|---|---|---|
| I-شەخس | | -دىمەن | -دىمىز (-دۇق) |
| II-شەخس | ئاددى تۈرى | - سەن | -سىلەر |
| | سىپايە تۈرى | - سىز | |
| III-شەخس | | -دۇ | |

تەكرارلامدۇ
كۆرەمدىمىز (كۆرەمدۇق)
ئوقۇمسىلەر
بارمامدىمەن
يېمەمسىز
تەكرارلىمامدۇ
كۆرمەمدىمىز (كۆرمەمدۇق)
ئوقۇمامسىلەر

**دائىم ئىشلىتىلىدىغان سۆز-ئىبارىلەر**

هازىر 1- جۈملە تىپىنى ئۆگىنىمىز.

هازىر ئالمىشىدىغان سۆزلەرگە قاراڭلار.

هازىر 1- ئابزاسنى تەرجىمە قىلىمىز.

هازىر 3- ئابزاسنى تەھلىل قىلىمىز.

ئالمىشىدىغان سۆز

پېئىلدىن تۈزۈلگەن خەۋەرگە بىۋاستە بېقىنىپ كەلسە، تۈتىنچىدىن، رەۋىشلەر سۈپەتتىن تۈزۈلگەن خەۋەرگە بىۋاستە بېقىنىپ كەلسە، ھالەت بولىدۇ. مەسىلەن:

①بىز ھازىر يولغا چىقىمىز.

②پەرىدە ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىنى بەك ياخشى بېرىپتۇ.

③ھامۇت ئاغرىپ قالغانلىقى ئۈچۈن يىغىنغا كېلەلمىدى.

④ئەركىن تۈركىيىگە ئوقۇشقا كەتتى.

⑤ئىنىم يېزىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدۇ.

⑥خوشنىمىز بەك زالىم خەق.

**3-پېئىلنىڭ بولۇشلۇق – بولۇشسىز كاتېگورىيىسى**

پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن ياكى ئىنكار قىلىنغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان گراماتىكىلىق كاتېگورىيە پېئىلنىڭ بولۇشلۇق – بولۇشسىز كاتېگورىيىسى، دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇ گراماتىكىلىق كاتېگورىيە بولۇشلۇق ۋە بولۇشسىزلىقتىن ئىبارەت ئىككى خىل شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ. ئۇنىڭ بولۇشلۇق شەكلى پېئىل ئۆزىكىگە «- ما، - مە» قوشۇمچىسى قوشۇلمىغان پېئىللار بولۇپ، ئۆزى ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: ياز-، ئوقۇ-، كەل-، بار- ...دېگەنگە ئوخشاش، بولۇشسىز شەكلى بولسا، پېئىل ئۆزىكىگە «-ما، -مە» قوشۇمچىسى قوشۇلغان پېئىللاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۆزى ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ ئىنكار قىلىنغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: يازما-، ئوقۇما-، كەلمە-، بارما-.....دېگەنگە ئوخشاش.

**4. خەۋەر رايىدىكى پېئىللارنىڭ بولۇشسىز ۋە سوراق شەكلى**

1) بولۇشسىز شەكلى: پېئىل ئۆزىكىگە (تومۇرىغا) بولۇشسىز قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن:

بىلمەيمەن

كەلمەيسەن

سۆزلىمەيدۇ

ئوقۇمايمىز

بارمايسىلەر

2) سوراق شەكلى: بولۇشلۇق ياكى بولۇشسىز پېئىل بىلەن سوراق جۈملىنى

③ مەن « بالدۇر ئويغانغان ئادەم » ناملىق رومانىنى ئوقۇۋاتىمەن.

④ ئىسمائىل ئوقۇشنى يەنە ئىككى يىلدىن كېيىن تۈگىتىدۇ.

⑤ مۇستەملىكچىلەر بىلەن قانلىق جەڭ قىلغانلىقىمىزنى ئۇنتۇپ قاپسەن – دە.

ئىزاھات: ئەگەر ئىش – ھەرىكەت ئۆتىدىغان نەرسە ئابستراكتنى نەرسىنى بىلدۈرگەندە، تولدۇرغۇچنىڭ چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

① ھازىر گېزىت كۆرىمەن.

② ئۇ بىر دەپتەر ئالدۇ.

**4) ئېنىقلىغۇچى**

جۈملىدە شەيئىلەرنىڭ تۈرلۈك خۇسۇسىيەتلىرىنى ئېنىقلاپ كېلىدىغان ئەگەشمە بۆلەك ئېنىقلىغۇچى، دەپ ئاتىلىدۇ. ئېنىقلىغۇچى جۈملىدىكى ئىگە، تولدۇرغۇچى ياكى ئىسمدىن تۈزۈلگەن خەۋەرگە مۇناسىۋەتلىك بۆلەك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئېنىقلىغۇچى ئادەتتە تۇرغۇن سۆز ياكى تۇرغۇن سۆزلۈك سۆز بىرىكمىلىرىدىن تەركىب تاپىدۇ. مەسىلەن:

① تۇرپاننىڭ ئۈزۈمى بىلەن پاختىسى خېلى داڭلىق.

② ئالىمجان بەك تىرىشچان ھەم مۇلايىم ئوقۇغۇچى.

③ ئۇلار ئاددى ياسالغان، ئەمما ناھايىتى پاكىز بىر ئۆينى بۇ يىگىتكە بەردى.

④ مېنىڭ ئاكام مەكتەپ مۇدىرى.

⑤ پاكولتېت بىناسى يېڭىدىن ياسالدى.

**5) ھالەت**

جۈملىدە پېئىل ياكى پېئىل خاراكتېرلىك بىرىملەر ۋە ياكى سۈپەتلەردىن تۈزۈلگەن خەۋەرگە بېقىنىپ كېلىپ، خەۋەردە ئىپادىلەنگەن ئىش – ھەرىكەتنىڭ ۋاقتى، ئورنى، سەۋەبى، مەقسىتى، يۆنىلىشى، ۋاستىسى، دەرىجىسى، سان – مىقدارى قاتارلىقلارنى ئىپادىلەيدىغان ئەگەشمە بۆلەك ھالەت، دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا سۈپەت، سان – مىقدار، رەۋىش، رەۋىشداش ۋە تەقلىد سۆزلەر پېئىلدىن تۈزۈلگەن خەۋەرگە بىۋاستە بېقىنىپ كەلسە، ئىككىنچىدىن، تۇرغۇن سۆزلەر چىقىش كېلىش، يۆلىنىش كېلىش ۋە ئورۇن كېلىش شەكلىدە كېلىپ ئۆتۈمسىز پېئىلدىن تۈزۈلگەن خەۋەرگە بىۋاستە بېقىنىپ كەلسە، ئۈچىنچىدىن، ئىسىم- تىركەلمىلىك بىرىكمە